ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# تاغ ئىچكىرىسىدىكى چارۋىچىلارنىڭ ساغلاملىقىنى 27 يىل پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوغداش

## —— تېكەس ناھىيەسى بوزادىر چارۋىچىلىق رايونى كۆكسۇ شىپاخانىسىنىڭ مۇئاۋىن شىپاخانا باشلىقى جۇماتاي ئاۋباكىر توغرىسىدا خاتىرە

يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر

□ ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز شى شۆخۇڭ

«مەن چارۋىچىلاردىن ئايرىلالمايمەن، چارۋىچىلارمۇ مەندىن ئايرىلالمايدۇ.» 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، تېكەس ناھىيەلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىدىكى تەربىيەلەش ئەمدىلا ئاياغلىششىغا، چولاقتېرەك بازىرى بوزادىر چارۋىچىلىق رايونى كۆكسۇ شىپاخانىسىنىڭ مۇئاۋىن شىپاخانا باشلىقى جۇماتاي ئاۋباكىر يۈك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، نۆۋەتچى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ چارۋىچىلىق رايونىغا قاراپ ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى.

دوختۇرلۇق قىلىۋاتقان 27 يىلدىن بۇيان، جۇماتاينىڭ كۆڭلىدە ئەڭ غەم قىلىدىغىنى بوزادىر چارۋىچىلىق رايونىدىكى چارۋىچىلار ئىدى. ئانارگۈل جۇمەخاننىڭ بويۇن ئومۇرتقىسىدىكى بىئاراملىق ياخشىلانغانمىدۇ، ئىرىسگۈل ئابدىسايىتنىڭ بوغۇملىرى يەنە ئاغرىۋاتقانمىدۇ... بوزادىر چارۋىچىلىق رايونىدىكى چارۋىچىلارنىڭ تەن سالامەتلىك ئەھۋالى جۇماتاينىڭ ئېنىق ئېسىدە ئىدى.

«جۇماتاينى كۆرسەملا، خاتىرجەم بولىمەن» دېدى بۇ يىل 64 ياشقا كىرگەن چارۋىچى مەرگەنباي ئادىلبەك. مەرگەنباينىڭ يۇقىرى قان بېسىم كېسىلى بار ئىدى، كۆپ يىللاردىن بۇيان، جۇماتاي ئۇنىڭ ساغلاملىق قوغدىغۇچىسى بولۇپ، ئىزچىل ئۈن ـ تىنسىز ھالدا ئۇنىڭغا ياردەم قىلىپ كېسىلىنى داۋالاپ كېلىۋاتاتتى.

«چارۋىچىلارنىڭ كېسىلىنى ياخشى كۆرۈپ قويۇش مېنىڭ ئەڭ زور بەختىم.» جۇماتاينىڭ ئېيتىشىچە، بوزادىر چارۋىچىلىق رايونىدىن ئايرىلغان بۇ مەزگىلدە، ئۇنىڭ ئەڭ خاتىرجەم بولالمىغىنى يەنىلا شۇ يەردە ياشاۋاتقان چارۋىچىلار بولغان.

جۇماتاينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ تۇرۇشلۇق شىپاخانىدىكى دورىلار تۈگەي دەپ قالغان بولۇپ، تېكەس ناھىيەلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىگە ئۆگىنىشكە كېلىشتىن ئىلگىرى، شىپاخانا دورا ئىشلىتىش پىلانىنى يۇقىرىغا يوللىغان. ھازىر، شىپاخانىغا كېرەكلىك دورىلارنىڭ ھەممىسى تولۇق سەپلەپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ چارۋىچىلار ئەڭ ئېھتىياجلىق دورىلارنى ئېلىپ شىپاخانىغا بارىدىكەن.

27 يىلدا، جۇماتاي يىلمۇيىل دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىردىن ئارتۇق ئېگىزلىكتىكى بوزادىر چارۋىچىلىق رايونىدىكى تاغ ئىچىدە قاتراپ يۈرۈپ، ئۆگەنگەن داۋالاش تېخنىكىسى ئارقىلىق ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىپ، چارۋىچىلارنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىنىڭ قوغدىغۇچىسى بولۇشقا رازى بولۇپ، چارۋىچىلار ئەڭ ئايرىلالمايدىغان كىشىگە ئايلاندى.

ساددىلىق بىلەن كەسپىنى قەدىرلىگەچكە، ئىپادىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، جۇماتاي ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى، مەملىكەتلىك 1 ـ ماي ئەمگەك مېدالى قاتارلىق شان ـ شەرەپلەرگە ئېرىشتى، يەنە جۇڭگودىكى «ئەڭ گۈزەل يېزا ـ كەنت دوختۇرى» بولۇپ باھالاندى.

جۇماتاي مۇنداق دېدى: «بوزادىر چارۋىچىلىق رايونىدا ئىلگىرى توك، تېلېفون ۋە ئاسفالت يول يوق ئىدى. چارۋىچىلارنىڭ داۋالىنىشى تولىمۇ تەس ئىدى. لېكىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بۇ يەردە ياشاۋاتقان چارۋىچىلارنى ئۇنتۇپ قالمىدى، بۇ يەردە يېڭىدىن شىپاخانا سېلىپلا قالماي، توك، تېلېفون ۋە ئاسفالت يولنى تۇتاشتۇردى، بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن كەلگەن».

جۇماتاينى تېخىمۇ خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، بوزادىر چارۋىچىلىق رايونىدا ئىلگىرىكى پەقەت ئىككىلا دوختۇر بولۇش ھازىرقى سەككىز داۋالاش خىزمەتچىسى بولۇشقا تەرەققىي قىلغان بولۇپ، داۋالاش مۇلازىمەت سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئاشقان.

شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان دوختۇرلارنىڭ ئۆگىتىشى، ياردەم بېرىشى، يېتەكلىشى بىلەن، جۇماتاي جۇڭگېچە يىڭنە سانجىش ۋە داغلاش تېخنىكىسىنى سىستېمىلىق ئۆگەندى. يىڭنە سانجىش ۋە داغلاش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، جۇماتاي داۋاملىق بوزادىر چارۋىچىلىق رايونىغا بېرىپ سەييارە كېسەل كۆردى. ئاتلىق سەييارە كېسەل كۆرۈشتە بىر قېتىمدا ئاز دېگەندە 15 كۈن كېتەتتى، گەرچە سەييارە كېسەل كۆرۈشتە يول يىراق ھەم ئىنتايىن جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن يىڭنە سانجىش ۋە داغلاش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ كۆپ چارۋىچىنى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرالايدىغانلىقىنى ئويلىغان ھامان، ئۇ ھەرقانچە زور قىيىنچىلىق بولسىمۇ يەڭدى. سەييارە كېسەل كۆرۈش جەريانىدا، ئۇ بىر تەرەپتىن، كېسەلگە گىرىپتار بولغان چارۋىچىلارنى داۋالىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، پارتىيەنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئاۋازىنى دەل ۋاقتىدا چارۋىچىلارنىڭ ئائىلىسىگە يەتكۈزدى.

«چارۋىچىلار مېنىڭ تۇغقانلىرىم» دېدى جۇماتاي. 27 يىلدىن بۇيان، چارۋىچىلارغا چىن ھېسسىياتى بىلەن مۇلازىمەت قىلىش ئاللىقاچان جۇماتاينىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنىدى، ئۇ چارۋىچىلاردىن بىر دەقىقە ئايرىلىشنىمۇ قىيالمايتتى. ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشقا دەخلى يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن، چارۋىچىلار دائىم ئەتىگەن سائەت 8 دىلا ئۇنى ئىزدەپ كېسەل كۆرسەتكىلى، ئاسما ئوكۇل سالدۇرغىلى كېلەتتى، جۇماتاي خىزمەتداشلىرى بىلەن بىر كۈن ئالدىراشچىلىقتا ئۆتەتتى. كەچ بولغاندا، ئۇلار يەنە داۋالىنىۋاتقان چارۋىچىلارغا داۋالاش ئارخىپى تۇرغۇزۇش بىلەن دائىم يېرىم كېچىگىچە ئالدىراش بولاتتى.

ھازىر، جۇماتاي ئىز باسارلارنى پىلانلىق تەربىيەلەۋاتىدۇ، ئۇ پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، ياشلارنىڭ ئۇنىڭ قولىدىكى كۈچ ئۇلاش كالتىكىنى ئېلىپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىنى، تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى چارۋىچىلارنىڭ ساغلاملىقىنى ئىلگىرىكىدەكلا قوغدىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

# شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى ئېكولوگىيە توسۇقى بەرپا قىلىشنى ئورتاق ئالغا سىلجىتىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز، دۆلەت ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لىيۇ دۇڭشېڭ پائالىيەتكە قاتناشتى.

شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن دۆلەت ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ شى جىنپىڭنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى زىچ چۆرىدەپ، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قارلىق، مۇزلۇقمۇ بىر بايلىق، دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئادەمنى ئاساس قىلىش، ئېكولوگىيەنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، يېشىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت زېمىنىنى كۆكەرتىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئېكولوگىيە قىزىل سىزىقىنى چىڭ ساقلاپ، تەبىئىي ئېكولوگىيەنى قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاقچىلىقنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى پۇختا، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇشقا تۈرتكە بولدى. بۇ قېتىمقى ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشى مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى ۋە ئورمانچىلىق، ئوتلاق ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى، بولۇپمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشقا كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئالغا سىلجىتىشقا ئىجابىي ۋە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىز ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە كۈچەپ، خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئېكولوگىيەلىك مۇھىتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ياخشى ھەل قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولىمىز.

جاڭ جيەنلۇڭ مۇنداق دېدى: شىنجاڭنىڭ ئورمانچىلىق، ئوتلاق ئېكولوگىيەسى قۇرۇلۇشى ئېكولوگىيە بىخەتەرلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشى بەخت ـ سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت باشتىن ـ ئاخىر ئورمانچىلىق، ئوتلاق ئىسلاھاتى، تەرەققىيات ئىشلىرىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى، «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە كۆكەرتىش كۆلىمى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ، شەھەر، يېزىلارنىڭ ئېكولوگىيە قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى. دۆلەت ئورمانچىلىق ۋە ئوتلاق ئىدارىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شىنجاڭنى قوللاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشىغا كۈچ قوشۇپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشىدۇ.

كېلىشىمدە مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى ئېكولوگىيە توسۇقى بەرپا قىلىشنى تېز ئالغا سىلجىتىشنى چۆرىدەپ، نۇقتىلىق ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش، ئورمان، ئوتلاق بايلىقىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، باغ ـ ئورمانچىلىقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش قاتارلىق 11 جەھەتتە ھەمكارلىشىپ ئورتاق قۇرۇش قانات يايدۇرۇلىدۇ.

# پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، پايدىلىنىش خىزمىتى سەۋىيەسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى دۇچ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە، يېڭى تەلەپلەرنى توغرا ئىگىلەپ، كۈچلۈك بۇرچ تۇيغۇسى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە مەدەنىيەت يىلتىزىغا ۋارىسلىق قىلىشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى جۇڭخۇا مەدەنىيىتى مەيدانىنى چىڭ ساقلاشقا، جۇڭخۇا مەدەنىيىتى گېنىغا ۋارىسلىق قىلىشقا، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشقا، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى كۈچەيتىشكە تەربىيەلەش، يېتەكلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. «قوغداشنى ئاساس قىلىش، قۇتقۇزۇشنى 1 ـ ئورۇنغا قويۇش، مۇۋاپىق پايدىلىنىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش» خىزمەت فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايلىقىنى تەكشۈرۈپ تىزىملاشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇش، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايلىقىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەش كېرەك. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئىشلىتىش، باھالاش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، ھازىرقى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە مۇزېي كەسپىي ئىختىساسلىقلىرى كەمچىل بولۇش، ئاساسىي قاتلام خىزمەت كۈچى يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنى تەدرىجىي ھەل قىلىش كېرەك. شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، پەن ـ تېخنىكا ۋاسىتىلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. شىنجاڭنىڭ مول تارىخىي يادىكارلىقلىرى، ئىنقىلابىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ قىممىتىنى قېزىش، شەرھلەپ چۈشەندۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ھازىر بار بولغان مۇزېي، خاتىرە سارايى قاتارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەشۋىقات بازىلىرىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، نامايان قىلىش، كۆرگەزمە قىلىش شەكلىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، تارىخنى سۆزلىتىپ، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سۆزلىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى مول مەدەنىيلىك ۋە ئۇزاق تارىختىن مەنىۋى ئوزۇققا ئۈزلۈكسىز ئېرىشتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش كومىتېتى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى ياخشى تۇتۇپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىشى، ھەرقايسى ئەزا ئورۇنلار ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بۇرچنى زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر تەۋەلىك يېرىنى باشقۇرۇش سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى، مېخانىزمنى راۋانلاشتۇرۇپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى ئاساسىنى يەنىمۇ پۇختىلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن يىغىنغا قاتناشتى.




# جا يۇشياڭ:

# شىددەتلىك كەلكۈندە ئاممىنى قۇتقۇزغان خەلق قوغدىغۇچىسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شېنياڭ، 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىرى لى جيېڭ)** پۈتۈن دىققىتى بىلەن مۇستەھكەم شياۋلىڭ دەرياسى توسمىسىغا قارىغىنىچە، ياندىكى ئېگىز بىنادىن كېسىپ ئۆتۈپ، جا خۇڭلىي خۇددى 56 يىل ئىلگىرىكى شىددەتلىك كەلكۈن ئىچىدىكى دادىسىنى كۆرگەندەك بولدى. گەرچە ئەڭ يېقىن ئادىمى بىلەن ئەزەلدىن يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن دادىسىنىڭ ئىسسىق قېنى جا خۇڭلىينىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ 38 يىللىق ساقچىلىق ھاياتىغا ئىزچىل ئىلھام بېرىپ كەلدى.

2018 ـ يىلى، 55 ياشلىق جا خۇڭلىي جىنجۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئاممىۋى قاتناش شۆبە ئىدارىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرلىق ئورنىدىن پېنسىيەگە چىقىپ، 38 يىل كىيگەن ساقچى فورمىسىنى قىيمىغان ھالدا سالدى. شەرەپ بىلەن ئىككى قېتىم شەخسىي 3 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، ئون قېتىم مۇنەۋۋەر مەمۇر بولۇپ باھالانغان خەلق ساقچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جا خۇڭلىي مۇنداق دېدى: «دادام ئۆز ھاياتى بەدىلىگە ئاممىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى، ساقچى فورمىسى كىيگەن بۇ 38 يىلدا، مەن پەقەت تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ دادامنىڭ روھىغا تەسەللىي بېرەلىدىم، ئىككى ئەۋلاد كىشىنىڭ بېشىدىكى ساقچى بەلگىسىنى نۇرلاندۇرالىدىم».

جا يۇشياڭ 1941 ـ يىلى تۇغۇلغان، ھايات چېغىدا، لياۋنىڭ ئۆلكىسى جىنجۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى لىڭخې شۆبە ئىدارىسى لىڭئەن ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى ئىدى.

1963 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، غەربىي لياۋنىڭدا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان پەۋقۇلئاددە قارا يامغۇر يېغىپ، جىنجۇدىكى شياۋلىڭ دەرياسى، نۈئېر دەرياسىدا كەلكۈن ئاپىتى يۈزبېرىپ، توسمىلارنى سۇ بېسىپ كېتىپ، ھەممە يەر سۇ ئاستىدا قالدى. جىنجۇ شەھىرىدىكى نۇرغۇن يول بۆلەكلىرىنى سۇ بېسىپ كەتتى، ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ئاھما قاپسىلىپ قالدى.

جا يۇشياڭ تۇرۇشلۇق لىڭئەن ساقچىخانىسىغا قاراشلىق رايون جىنجۇ شەھەر رايونىدىكى ئاھالىسى زىچ ئويمان جاي بولۇپ، جەمئىي 3000دىن ئارتۇق ئائىلە، 10 مىڭدىن ئارتۇق ئاھالە بار ئىدى، ناۋادا كەلكۈن ئاپىتى يۈزبەرسە، ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 10دا، ئەڭ ئەندىشە قىلىدىغان ئىش يۈزبەردى، شياۋلىڭ دەرياسى توسمىسىنى يار ئېلىپ كېتىپ، كەلكۈن شىددەت بىلەن يەر شەكلى پەس بولغان لۇڭجياڭ جەنۇبىي كوچىسىغا قاراپ بېسىپ كەلدى.

جا يۇشياڭ ئىلگىرى كۆپ قېتىم ئوت دېڭىزىغا كىرىپ خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكىنى قۇتقۇزغان بىر ئوت ئۆچۈرۈش قوغدىغۇچىسى ئىدى، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن رەھبەرلىكتىن تارقاقلاشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپ تەۋەلىك رايوندىكى ئاھالىلەرنى چېكىندۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلدى، ئارقىدىنلا خەلق ساقچىسى خۇاڭ گۇاڭچېڭ بىلەن بوران ـ چاپقۇنغا قارىماي، تىزدىن ئاشىدىغان سۇنى تەستە كېچىپ خەتەرلىك جايغا قاراپ ماڭدى، ئۇلار ئۆيمۇئۆي ئىشىك چېكىپ تۇۋلىدى، ئاممىنى يۆتكىدى. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاممىنىڭ ھەممىسى ئوڭۇشلۇق ھالدا بىخەتەر جايغا چېكىندى.

بۇ چاغدا جا يۇشياڭ كىشىلەر توپى ئارىسىدا پەرزەنتى يوق ئىنقىلابىي قۇربان يەسىرەسى بولغان لىيۇ ئانىنىڭ يوقلۇقىنى بايقاپ، دەرھال لىيۇ ئانىنىڭ ئۆيىگە قاراپ چاپتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ لىيۇ ئانىنىڭ كاڭدا بىر چوڭ ياغاچ ساندۇقنى قۇچاقلاپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى. لىيۇ ئانا يىغلاپ تۇرۇپ: «بۇ نەرسىلەرنى ئېلىۋېلىشىم كېرەك...» دېدى. جا يۇشياڭ دەرھال: «سۇ يانغاندا، نېمە كەم بولسا مەن تەييارلاپ بېرەي، بىز ئاۋۋال ماڭايلى، ئامان ـ ئېسەن بولسىڭىزلا ھېچنېمىدىن غەم قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ» دېدى. لېكىن لىيۇ ئانا يەنىلا ۋاز كېچىشنى خالىمىدى. بۇ چاغدا كەلكۈن ئىشىكتىن ئېتىلىپ كىرىپ، كاڭنىڭ گىرۋىكىدىن ئېشىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى، قىل ئۈستىدە قالغان پەيتتە، جا يۇشياڭ لىيۇ ئانىنى يۈدۈپ ئىشىك سىرتىغا قاراپ يۈگۈردى، ئۇلار ئۆيدىن ئايرىلىپ 20 مېتىر ئارىلىققا بارماي تۇرۇپلا، لىيۇ ئانىنىڭ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىنى قارا يامغۇر ئۆرۈۋەتتى. لىيۇ ئانا بىخەتەر بولدى، ھەم توڭلاپ، ھەم قورسىقى ئېچىپ كەتكەن جا يۇشياڭ شۇ چاغدىلا ئاندىن ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنلىكىنى، سۇدا چىلىنىپ تۇرغان ئىككى پۇتىنىڭ سېزىمىنى يوقىتاي دەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

بۇ چاغدا ئۇ تۇيۇقسىز غەرب تەرەپتە يەنە بىر ياشانغان كىشىنىڭ ئولتۇرىدىغانلىقىنى ئەسكە ئالدى، بېرىپ قاراپ باقمىسا كۆڭلى خاتىرجەم بولمايتتى. يولدا ئۇ خەلق ساقچىسى خۇ جېنشىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، خۇ جېنشىڭ جا يۇشياڭنىڭ سۇنى ياخشى ئۈزەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭغا: «ئۇ تەرەپتە سۇ بەك چوڭقۇر ئىكەن، دەرھال كەينىڭىزگە قايتىڭ» دەپ توۋلىدى. لېكىن جا يۇشياڭ ھېلىقى ئائىلىدىكى كىشىلەردىن ئەنسىرەپ، خۇ جېنشىڭ بىلەن بىر ـ بىرىنى يۆلىشىپ بىرلىكتە ئالدىغا قاراپ ماڭدى. قارا يامغۇر چېلەكلەپ يېغىۋاتاتتى، سۇ ئورنى يەنىلا ئۈزلۈكسىز ئۆرلەپ، سۇ تېخىمۇ شىددەتلىك ئېقىپ دۇغىلىشىپ كېتىۋاتقان بولۇپ، سۇ ئاستىدىكى ئەھۋالنىڭ قانداقلىقىنى پەقەتلا ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. تۇيۇقسىز، ئۇلار ئىككىسى ئازگالغا دەسسىۋېلىپ بىللە چوڭقۇر يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ئىككىسىنى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا سۇ يۇتۇپ كەتتى. خۇ جېنشىڭ تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ سۇدىن چىققاندا، جا يۇشياڭنىڭ سايىسىنىمۇ تاپالمىدى، شىددەتلىك كەلكۈن ياش جا يۇشياڭنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى ئېلىپ كەتكەنىدى.

ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن جا يۇشياڭ مانا مۇشۇنداق ساقچى فورمىسىنى كىيگەن پېتى كېتىپ قېلىپ، ئاتا ـ ئانىسى ۋە خوتۇنىغا چەكسىز ئازاب قالدۇردى، خوتۇنىنىڭ قورسىقىدا بولسا ئۇلارنىڭ بالىسى بار ئىدى.

جا يۇشياڭنىڭ قۇربان بولغانلىق خەۋىرىنى بىلگەندىن كېيىن، مىڭغا يېقىن ئامما ئۆزلۈكىدىن بېرىپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى، جىنجۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئۇنىڭغا «بەشتە ياخشى خەلق ساقچىسى» دەپ تولۇقلاپ شەرەپلىك نام بەردى، ئارقىدىن، جا يۇشياڭ ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلاندى.

قىزى تۇغۇلغاندا، ئاپىسى جاڭ فېڭلەن ئۇنىڭغا جا خۇڭلىي دەپ ئىسىم قويدى، بۇ، «كەلكۈندىكى قەھرىمان» دېگەن مەنىدە.

1980 ـ يىلى، جا خۇڭلىي شەرەپ بىلەن ساقچى قوشۇنىغا كىردى. ساقچى بولغان 38 يىلدىن بۇيان، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ئۇ دائىم قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلىدى، ئورگاندا كاتىپ بولۇشتىن ئورگان سىرتىدا ئوغرىلىققا زەربە بېرىشكىچە، ھەتتا جىنايەت گۇماندارلىرىنى تۇتۇشقىچە، ئۇ ھەممىشە ئەرلەردىن قېلىشماي، ۋەزىپىنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنداپ، رەھبەرلىك ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ چوڭقۇر ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

1992 ـ يىلدىن باشلاپ، جا خۇڭلىينىڭ ئاپىسى ۋە ئېرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولدى، ئۇ كۆز ياشلىرىنى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا يوشۇرۇپ، ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك ئىرادە بىلەن پۈتۈن ئائىلىگە تىرەك بولۇپ، قىيىن ئۆتكەللەردىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتتى. جا خۇڭلىي مۇنداق دېدى: قەھرىمان دادامنىڭ قورقماس روھى ماڭا ئىزچىل تەسىر قىلىپ كەلدى، مەن كەسىپ ۋە تۇرمۇشتىكى بارلىق نەتىجىلىرىمنى دادامنىڭ روھىغا بولغان تەسەللىي دەپ قارايمەن. كەسىپنى قىزغىن سۆيۈش، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيۈش، قىيىنچىلىقتىن قورقماسلىق، قەيسەرلىك بىلەن ئېلىشىش بۇ ئائىلە مەڭگۈ ۋارىسلىق قىلىدىغان مەنىۋى كۈچ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)